





مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

# شەرقىي تۈركىستان

ŞARKİ TÜRKİSTAN

ئايلىق سىياسىي گېزىت

Aylık Siyasi GAZETE

1997

3 - ئاي


22، 23 - سان «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان نەشرىيات مەركىزى» نەشر قىلدى

## «ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ۋەخپى» نى قۇرۇش توغرىسىدا

مەرھۇم دادىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇلىرىدىن بىرى، تۈرك دۇنياسىنىڭ مەركىزى بولغان تۈركىيەدە، قولىمىزدىكى شەرقىي تۈركىستان ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى، تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تارىخىي ھۆججەتلىرىنى ساقلايدىغان كىچىك بىر مۇزېيى يەنى كۇتۇپخانا قۇرۇش ئىدى.

داۋامى 2-بەتتە

## ئەركىن ئالپتېكىن چېچەنىستانغا زىيارەتتە بولدى



ئۆز خەۋىرىمىز: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن چېچەنىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن خەلقئارالىق 15 كىشىلىك ھەيئەت تەشكىل قىلىپ 1997 - يىل 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چېچەنىستاننى زىيارەت قىلدى ھەمدە سايلامنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئەركىن ئالپتېكىن سايلامدىن كېيىن، چېچەنىستاننىڭ يېڭى پايتەختى جەۋھەر قەلئە (كونا ئىسمى گروزنىي) دە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئۇ مۇخبىرلارغا چېچەنىستان خەلقىنىڭ ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بۇقېتىمقى سايلامنى دېموكراتىك سايلام بويىچە ھەممىلىك بىلەن توسالغۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكىنى، سايلام نەتىجىسى چېچەن خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن بولغانلىقىنى ئاڭلاتتى. شۇنداقلا چېچەنىستان خەلقىنىڭ قەھرىمان، سوغۇق ۋە قاتتىق قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتىن ئىبارەت دېموكراتىك سايلامغا بولغان قىزغىنلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئەركىن ئالپتېكىن يەنە مۇنداق دېدى: چېچەنىستان خەلقى 1991 - يىلى ئومۇمىي خەلق سايلىمى ئارقىلىق مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلدى. 1993 - يىلى رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ رەئىسىنى سايلاش-

داۋامى 3-بەتتە

## تۈركىيەدە كوممۇنىست خىتايغا قارشى ھەرىكەت جانلانماقتا



ئۆز خەۋىرىمىز: بۇيىل 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھىرى قارادۆڭ مەھەللىسىدىكى مەسچىتتە رامىزان ئېيىنىڭ قەدىر كېچىسى مۇناسىۋىتى بىلەن 30 غا يېقىن ئۇيغۇر ئاياللىرى قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا، كوممۇنىست دېكتاتورا تارماقلىرىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ ئۇلارنى تۆمۈر كالتەكلەر بىلەن دۇمبالاپ مەسچىتتىن شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ كەتكەن. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مەھەللە ئاھالىلىرى تۇتۇپ كەتكەن ئاياللارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ساقچى ئىدارىسىگە يېتىپ كەلگەچ، كوممۇنىست ساقچىلىرى قاراپ تۇرۇپلا بىگۇناھ 3 ئۇيغۇر ئايالنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

داۋامى 3-بەتتە

## جۇمھۇرىيەتلىك «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى






داۋامى 4-بەتتە

## ۋەخپە توغرىسىدىكى بەزى قاراشلار ھەققىدە

بېشى 2-بەتتە

خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق تەلىپىنى توغرى ئەكس ئەتتۈرەلىدىغان، ۋەتەن، خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلارغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان ۋە مۇستەقىللىق كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان شەخسلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. رەھمەتلىك ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئەنە شۇنداق شەخسلەردىن بىرى بولۇش تۈپەيلى دۇنيا تۈركلىرى ئۇنى «بۈيۈك تۈركلۈك، بۈيۈك ئىسلام مۇجاھىدى» دەپ تونۇپ، ئىسمى دۇنيا تۈرك بىرلىكىنىڭ كۈرەش تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلدى. ھەممە پۈتۈن دۇنيا شەرقىي تۈركىستان بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئىسمىنىڭ ئۆزئاش بولۇپ قالغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز قەتئىي ھالدا، «ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ۋەخپى»نى قۇرۇپ چىقتۇق.

ئەركىن ئالپتېكىن

## تۈركىيىدە كوممۇنىست خىتايغا قارشى ھەرىكەت جانلانماقتا

بېشى 1-بەتتە

كوممۇنىست خىتاينىڭ بۇنداق قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ماجىرا پەيدا قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تۇتقۇن قىلىپ يوقىتىش سۈيىقەستى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ غەزىپىنى تاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارىتا، «يا مۇستەقىللىق يا شەرەپ بىلەن ئۆلۈم!» مۇجادىلىسىنى باشلىۋەتتى. ئۇلار 97 - يىلنى «مۇستەقىللىق يىلى» دەپ جاكالىدى.

جۈملىدىن، تۈركىيىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇجاھىدلار 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئىستانبۇلدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىغا قارا چەمبىرەك قويدى ۋە خىتاينىڭ دۆلەت بايرىقىنى خادىدىن چۈشۈرۈپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. نامايىشچىلار خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىغا، «شەرقىي تۈركىستان چوقۇم مۇستەقىل بولىدۇ!»، «ھەقىقەت بىزگە مەنسۇپ!»، «خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن! يوقالسۇن كوممۇنىست!» قاتارلىق شوئار، لوزۇنكا ۋە پىلاكاتلارنى ياغدۇرۇۋەتتى.

ئىنسانىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، 22 يىل ئۆمرىنى خىتاي زىندانلىرىدا ئۆتكۈزگەن، بۈيىل 87 ياشقا كىرگەن پېشقەدەم مۇجاھىد بارات ھاجىم ئۆزىنى خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ تۆمۈر ۋادىكىگە كويزىلاپ، كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سېلىۋاتقان ۋەھشىي زۇلۇملىرىنى دۇنيا خەلقىگە نامايەن قىلدى.



## ۋۆكېي مىڭ نەتىجە چىقىرالمىدى

2- ئاينىڭ 14 - كۈنى تۈركىيىنىڭ قەيسەرى، ئىستانبۇل ۋە ئەنقەرە قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئالدى بىلەن ئەنقەرەدىكى ئەڭ چوڭ قوجاتەپە مەسچىتىدە توپلىنىپ، خىتايلار تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان شېھىتلەر ئۈچۈن جۈمە نامىزى مۇناسىۋىتى بىلەن ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن، ئەنقەرەدىكى خىتاي باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، دۆلەت بايرىقىنى كۆيدۈردى.

شۇ ئارىدا، خىتاينىڭ باش ئەلچىسى ۋۆكېي مىڭ تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، نەتىجە چىقىرالمىدى.

## شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى قوللايدىغانلار كۆپەيمەكتە

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كوممۇنىست خىتاينىڭ يېقىندىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان تۇتقۇن قىلىش، سولاش، جازالاش ۋە ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت فاشىستىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى كۈرىشى، تۈركىيىدە كۈچلۈك قوللاشقا ئېرىشمەكتە. 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرغان خىتايغا قارشى نامايىشقا تۈركىيە مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى، بۈيۈك بىرلىك پارتىيىسى، ئانا ۋەتەن پارتىيىسى ۋە مىللەت پارتىيىسى قاتارلىق پارتىيىلەر قاتناشتى. ئۇلار بايانات ئېلان قىلىپ، «ئۆزىنى «ئىنسانىي ھوقۇق ئۇزارمەنى» دەپ جار سالىدىغان ئامېرىكا، ئەنگىلىيە ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق ئورۇنلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىگە قارىتا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى كېرەك» دېدى. ھەممە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى باشتىن - ئاخىر قوللايدىغانلىقىنى، زۆرۈر تېپىلغاندا ھەر قانداق ياردەمگە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.



## ئەركىن ئالپتېكىن چېچەنىستاندا زىيارەتتە بولدى

بېشى 1-بەتتە

تائاۋاز بېرىشكە قاتناشمىدى، روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا خەلق ئاۋاز بېرىش ئىشىغىمۇ قاتناشمىدى. بەلكى ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى قوغدىغان ئاساستا مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلغان بولدى. بۇنىڭغا قارىتا روسىيە بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ چېچەنىستانغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇرۇش ئاقىۋەتتە، ئون مىڭلىغان ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈمى، يۈزمىڭلىغان ئادەمنىڭ يارىدار بولۇشى ۋە ئۈچ يۈزمىڭدىن ئارتۇق چېچەنلىكنىڭ خوشنا دۆلەتلەرگە پانالىق تىلەش بىلەن ئاخىرلاشتى. نەتىجىدە، روسىيە ئافغانىستان مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن چېچەنىستاندىمۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى ۋە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. «دېمەك، چېچەن خەلقى روسىيە ۋە دۇنيا خەلقى ئالدىدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئارزۇسىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلدى. مەسىلە ناھايىتى ئېنىقكى، روسىيە ۋە دۇنيا جامائىتى چېچەن خەلقىنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن شىمالىي كاۋكازىيىدە تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنى داۋام قىلىش قىيىن بولىدۇ».

سايلامدىن بۇرۇن، چېچەنىستان دۆلەت رەئىسى سەلىمخان ياندارباييېۋ ئەركىن ئالپتېكىن بىلەن بارلىق ھەيئەتلەرنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە سەمىمىي سۆھبەتلەشتى. سۆھبەتتە ئەركىن ئالپتېكىن مۇنداق دېدى: «چېچەنىستان "دېمەت" دا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى. تەشكىلاتىمىز ئۇرۇشتىن بۇرۇن ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن چېچەنىستانغا بولغان ياردەم ۋە قوللاشنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى. شۇنداقلا چېچەنىستان دۆلەت رەئىسى مەرھۇم دۇدايېۋ بىلەن ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن ئىدى. مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن رەئىس ياندارباييېۋ بىلەنمۇ ئالاھىدە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كەلدۇق. تەشكىلاتىمىز بۇنىڭدىن كېيىن يېڭىدىن سايلانغان رەئىس ئارسلان ماسخادوۋ بىلەن بولغان ئالاھىدە دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى يەنىلا داۋاملاشتۇرىدۇ».

زىيارەت ئاخىرىدا، شىمالىي كاۋكازىيە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئەركىن ئالپتېكىننى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ شەرەپ رەئىسلىكىگە سايلىدى، تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ئادلان بەتىمىرزايېۋ ئەركىن ئالپتېكىنگە شەرەپ رەئىسلىكى كىنىشكىسىنى تەقدىم قىلدى.

# جۇمھۇرىيەتلىك «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى


بېشى 1-بەتتە

ئۆز خەۋىرىمىز: 1997 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قىرغىزىستان ئۇيغۇرلار جۇمھۇرىيەتلىك ئىتتىپاق - مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى قىرغىزىستان پايتەختى بىشكەكتە غەلىبىلىك ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 680 ۋەكىلدىن 500 گە يېقىن ۋەكىل قاتناشتى.

قۇرۇلتاي كۈن تەرتىۋى بويىچە ئالدى بىلەن «ئىتتىپاق» رەئىسى نۇرمەھەممەت كەنجى ئۆتكەن 5 يىللىق خىزمەتتىن دوكلات بەردى. خىزمەت دوكلاتىدىن كېيىن، پۈتۈن ۋەكىللەر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلققە ئوچۇق جاۋاپ بېرىش، خىزمەتلەرنى ئەمەلىي يەكۈنلەش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

قۇرۇلتاي مۇنداق ھېساپلىدى، قىرغىزىستان ئۇيغۇرلار جۇمھۇرىيەتلىك ئىتتىپاق - مەدەنىيەت مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى، جەمئىيەتلىرى بىلەن بولغان بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن باشتىن - ئاخىر كۈرەش قىلىدۇ. بۇ باش مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، پۈتۈن قىرغىزىستاندىكى شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتىدۇر. شۇنداقلا قۇرۇلتاي، جۇمھۇرىيەتلىك ئىتتىپاق - مەدەنىيەت مەركىزى ئۆزىنىڭ ھەر قانداق پائالىيىتىنى قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ئىمتىيازى ۋە ھوقۇقى دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بارىدۇ، دەپ قارايدۇ.

قۇرۇلتاي دېموكراتىك سايلام ئېلىپ باردى، سايلام ئارقىلىق يۈزدە 70 پىرسەنت ئاۋاز بىلەن نىغمەت بوساقوۋ ئۇيغۇرلار جۇمھۇرىيەتلىك ئىتتىپاق قىمەدەنىيەت مەركىزى رەئىسلىكىگە سايلاندى.



## تەشەببۇسكارلىقى بولغان مۇجاھىد

نىغمەت بوساقوۋ 1950 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ قىرغىزىستان ئونىۋېرسىتېتى ئىقتىسادى پاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1973 - يىلى تاشمونىياق رايونلۇق كاپىراتىۋى يېمەك - ئىچمەك باشقارمىسىنىڭ دىرېكتورلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن. 80، 82 - يىللىرى ئىسسىق كۆل ئوبلاستلىق يېمەك - ئىچمەك باشقارمىسى، تەن سالامەتلىك دەم ئېلىش ئۆيىنىڭ قوش دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئۇ 1986 - يىلىدىن باشلاپ ئىقتىسادى ئىسلاھات ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىقتىساد يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشتە ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. نىغمەت بوساقوۋ ھازىر «ئازادە» سودا سارىيىنىڭ باش دىرېكتورى، «تەڭرى تاغ نان» فىرمىسىنىڭ باشلىقى.

نىغمەت بوساقوۋ يېقىنقى بىرقانچە يىل ئىچىدە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىدىن مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ ئامېرىكا، گوللاندىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئېچىلغان شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ئالاقىدار بولغان خەلقئارا يىغىنلارغا قاتنىشىپ، سىياسىي كۆزقارىشىنى ئۈستۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا كۆڭۈل بۆلمەكتە.

لىق تەكلىپتە، ئاساسەن مەركەزنىڭ چېگرا رايونىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، يەرلىك خەلق ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى بېجىرىش، بىگۇناھ تۇتقۇن قىلىنغانلارنى قويۇپ بېرىش، مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاپ بىردەك قايتۇرۇپ بېرىش، خەلقنىڭ باج سېلىقىنى يەڭگىللىتىش قاتارلىقلار تەلەپ قىلىنغان. خەتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ ۋەتەننى، مىللەتنى سۆيىدىغان ئادەملىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا مەن شىنجاڭغا بېرىپلا ئۇنى شىنجاڭنىڭ مۇپەتتىشلىكىگە كۆرسەتتىم ھەمدە مەن قوشۇمچە رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرسەم بۇ ئورۇنغا ئۇنى قويارمىز دەپ ئويلىغانىدىم.

ۋاھالەنكى ئۇ رەئىس بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاجىزلىقلىرى بارا - بارا ئاشكارلىنىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن ئۇ، ئۆزىنىڭ جاھىل ھەم قابىلىيەتسىزلىكىنى ئىپادىلىدى، ئۇ پۈتۈنلەي ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان ئىدى. ئۇ سوۋېتكە قارشى تۇرۇپلا قالماي يەنە بارا - بارا خەنزۇلارغا، مەركەزگە قارشى تۇرۇشقا ھەتتا «يۈكسەك دەرىجىدە ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش» دېگەن مۇقاملارنى تۇۋلاشقا باشلىدى. مەن، ئۇنىڭ بىلەن ئەيساغا بىر پارچە شەخسىي خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ خاتا قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. ئەسلى خەت مۇنداق يېزىلغان:

مەن شىنجاڭدىن ئايرىلغىلى بىر يىلدىن ئاشتى، بۇ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە مەن، شىنجاڭدا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، دېموكراتىك سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن بېكىتىلگەن سىياسەتلەرنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتماسلىق، مېنىڭ سىلەر ئۈچۈنچىلار(1)، بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۆزەم بىر قەدەر چوڭ مەسىلە دەپ قارى-

(1) مەسئۇد، ئەيسا ۋە مۇھەممەت ئىمىن

داۋامى 5-بەتتە

**تەھرىر ئىلاۋىسى: بۇما قالە، خىتاينىڭ تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى تەرىپىدىن تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىنغان «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىسى» دېگەن كىتاپتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.**

**جاڭ جىجۇڭ ئەينى چاغدا ئۈچ ۋىلايەت مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى بېسىقتۇرۇشتا، شۇنداقلا كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان ھېلىگەرھەربىي قوماندان.**

**ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدىكى بايانى بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ شۇچاغدىكى تارىخىي جەريانى ۋە سىياسىي ۋەزىيىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمىز ئۈچۈن ھەمدە جاڭ جىجۇڭنىڭ كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشىدا ئوينىغان مۇيەققەت - ھىيلىسىنى ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن قىسمەن جەھەتتىن ئىجابىي ياردىمى بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇما قالىنى دىققىتىڭلارغا سۇندۇق. شۇنداق تەنقىدىي ئاساستا پايدىلىنىشنى ئەستىن چىقارماسلىقىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمىز.**

## ئۈچ كىشىگە يازغان خەت

بۇ يەردە مەن مەسئۇد توغرىسىدا ئازراق قوشۇمچە قىلىپ ئۆتەي. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن باردى - كەلدى قىلىشمىغان، پەقەت بەزى يىغىنلاردا ئۇنىڭ سۆزلىگەن سۆزىنى ئاڭلىغانمەن. مەن 1946 - يىلى شىنجاڭغا بېرىشتىن ئاۋال، ئۇ جىياڭغا ئۈچ تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنداقلا ماڭىمۇ بىر پارچە خەت يېزىپ، خەتكە جىياڭغا يوللىغان بىر پارچە تەكلىپنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتىپتۇ. خەتتە مەركەزنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرلىرىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە مېنىڭ بۇ قېتىم شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن يەرلىك خەلقنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇشۇمنى، خەلققە مۇۋاپىق سىياسىي ئورۇن بېرىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. جىياڭغا سۇنغان 15 ماددى-

# ئۈچ كىشىگە يازغان خەت

غان ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىلەر بىلەن بىللە مۇزا-
كىرە قىلىشنى ئويلىغانىدىم. ھازىر ئۇنى ماددىلارغا
ئايرىپ تۆۋەندىكىچە يازماقچىمەن:

ئا. خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. بۇ مەسىلىنىڭ
پايدا ـ زىيىنى توغرىسىدا مەن بۇرۇن ناھايىتى كۆپ سۆز-
لىگەنمەن. سىلەر ئەلۋەتتە ئۇنى ئوبدان بىلىسىلەر، شۇڭا
ھازىر بۇ توغرىدا كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ھازىر
مۇزاكىرە قىلىدىغىنىمىز: ئەيسا ئەپەندى رەھبەرلىك قىلىۋات-
قان ئۇيغۇرچە گېزىتتە ئېلان قىلىنغان سۆزلەردە ئىپادى-
لەنگەن پوزىتسىيە بولۇپ، ئۇنىڭدا يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ
خىزمىتى كاشىلىغا ئۇچرىدى دېيىلگەن، ھەمدە خەلقنىڭ
دۆلەت ئارمىيىسىگە بولغان ھېسسىياتىدا ئارىنى بۇزىدىغان
بىرمۇنچە پاكىتلار ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، بۇ سۆزلەردە
خەنزۇلارغا قارشى مەنا بارمۇ ـ يوق؟ جايلار ۋە ھەر دەرى-
جىلىكلەرگە بېرىلگەن يوليورۇقتا خەنزۇلارغا قارشى مەزمۇن
بارمۇ ـ يوق؟ بۇ توغرىدا كۆپچىلىكنىڭ ئېغىر ـ بېسىقلىق
بىلەن خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈشنى ئۈمىد قىلى-
مەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپچىلىكنىڭ بۇ مەسىلىگە قا-
رىتا چوڭقۇر ئويلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى
خەنزۇلارغا قارشى ئىدىيىلەر داۋاملىق ئۇلغىيىپ كېتىۋەر-
سە، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا نىسبەتەن ناھايىتى ئېغىر
خەۋپ كەلتۈرۈپلا قالماي، سىلەر بىر قانچىلار رەھ-
بەرلىك قىلىۋاتقان ھاكىمىيەتمۇ ئىنتايىن زور تەسىرگە
ئۇچرىشى مۇمكىن دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ. سىلەر ئۇي-
غۇرچە گېزىتتە «خەنزۇلارغا قارشى تۇرغانلىقنى ئەتەي
بىر خىل جىنايەت قاتارىغا قوشۇۋالدىڭلار» دېدىڭلار، سى-
لەرچە بۇ ئادىل تەنقىت بولارمۇ؟ مېنىڭچە، ئەيسا ئەپەندى
خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ دېگەن
بۇ سۆز ئورۇنسىز، شۇنداقتىمۇ يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆ-
تەيكى، كۆپچىلىك سەممىي ھالدا خاتالىقى ئۈستىدە ئوي-
لىنىپ كۆرۈشى ۋە ئويغىنىشى لازىم.

ب. يۈكسەك دەرىجىدە ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش
مەسىلىسى. بۇ مەسىلە توغرىسىدىمۇ مەن كۆپ سۆزلىگەن-
مەن، سەنمىنجۇيىنىڭ مىللىي مەسىلىكى «يۈكسەك دەرىجى-
دە ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش» نى يولغا قويۇشقا بو-
لىدۇ دەپلا قارىماستىن كەلگۈسىدە «مۇستەقىل» بولىدىغان
بولىسىمۇ ئۇنى قوللايدۇ. ۋاھالەنكى بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ-
دا يۈكسەك دەرىجىدە ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى يول-
غا قويۇشقا بولامدۇ ـ يوق؟ ئەگەر دەرھاللا شىنجاڭدا ئۆز-
ئۆزىنى ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلسا. دۆلەت ئارمىيىسىنى
ھەتتا مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق ئورگانلىرىنىمۇ **قاي-**
تۇرۇپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنى بىزنىڭ ئىنقىلابىي ھۆ-
كۈمىتىمىزنىڭ مەيدانىدىن ئېيتقاندا قىلالايمىز **لېكىن شىن-**
جاڭنىڭ ئۆز ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ھەر-
بىي ئىشلارنى ئالايلى، مۇبادا سىلەر دەرھال ھەربىي **قى-**
سىملارنى تۈزەلىغىنىڭلار بىلەنمۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئۆز ـ
ئۆزەڭلەرنى ئىدارە قىلىشنى يولغا **قويالىشىڭلارغا** ئىشەنچ
قىلالامسىلەر؟

شۇنى بىلىش كېرەككى، يۈك-
سەك ئاپتونومىيە، مۇستەقىللىق دېگەنلىك قۇرۇق گەپ ئە-
مەس، بۇنىڭ ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت، ئىقتىدار كېرەك.
يەنە بىر نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي ئەگەر شىنجاڭدىكى
دۆلەت ئارمىيىسى قايتۇرۇپ كېتىلسە، مەركىزىي بانكا ئىش-
تىن توختىتىلسا، شىنجاڭ بىردەمدىلا قالايمىقان ھالەتكە
چۈشۈپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنى ئوڭشاش تەس بولىدۇ. بۇ ھال-
دا يۈكسەك ئاپتونومىيىدىن ئېغىز ئېچىشقا بولامدۇ؟ جۇڭ-
خۇا مىنگو ــ يەنى شىنجاڭنىڭ ئانا ۋەتىنىنىڭ خەلقئارادىكى
ئورنىنىڭ، شىنجاڭغا كەلتۈرىدىغان پايدىسى ھەققىدە سۆز-
لەپ ئولتۇرۇش تېخىمۇ ھاجەتسىز.

سىلەر كۈتكەن يۈكسەك ئاپتونومىيىنى مەركىزىي
ھۆكۈمەت قىلالمايدۇ ئەمەس، ئۇنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە
بولىدۇ. چۈنكى بىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ھەققانىي تەلى-
پى ۋە ئارزۇسىغا مەن ئەزەلدىن ھېسداشلىق قىلىپ كەل-
گەنمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركەزنىڭ ئويلىشىپ كۆرۈشى-
گە يوللاپ بېرىشنى خالايمەن. لېكىن بارلىق ئارزۇ ۋە
تەلەپلەر خەنزۇلارغا قارشى پىكىر (مەسىلەن ئەيسا ئەپەن-
دى ۋە باشقا ئەربابلار) ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتكە نارازى
بولىدىغان تەشۋىقاتلارنى ۋاستە ۋە شۇئار قىلماسلىق كې-
رەك.

يۇقىرىدا ئېيتقان سۆزلىرىمدە ئېھتىمال بەزى ئېغىر
كەتكەن جايلىرى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مەن ئۇلارنى
سەممىيلىك ۋە ياخشى نىيەت بىلەن قىلدىم. بۇنى چۈ-
شىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەر قايسىڭلارغا سالامەت-
لىك تىلەپ، جاڭ جىجوڭ.

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى 10 ـ ئاي لەنجۇ

---

# ئاخىرقى ئىمپېراتور ئۆلدى

(تۈركىيە، «مىللەت گېزىتى» نىڭ بۇيىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى-
دىكى خەۋىرى).

خىتاينىڭ ماۋدىن كېيىنكى كوممۇنىزم ئىمپېراتورى دىڭ شياۋ ـ
پىڭ 93 يېشىدا بېيجىڭدا ئۆلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى تۇنجى بو ـ
لۇپ شياڭگاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «نە تۆۋرك» قانالى خەۋەر قىل-
دى. خەۋەر دەمۇنداق دەيدۇ: «دىڭنىڭ ئۆلۈمى جىياڭ زېمىن ئۈچۈن
چوڭ بىر تەلەيسىزلىك بولۇپ، ئۇ، ناھايىتى مۇھىم كۈز بىر دەۋىر ئايرىل-
دى». خەۋەر دە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى زاماندا ماۋزېدۇڭ قولىدىكى
ھوقۇقنى ساقلاپ قېلىشقا قانداق جان تالىشىپ ئۆلگەن بولسا، دىڭ ـ
شياۋپىڭمۇ ئەينى شۇنداق ئۆلدى. ئۇ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئىچىدە ئۆز ھۆ-
كۈمرانلىقىنى تاكى ئۆلۈم كۈنى يېقىنلاشقانغا قەدەر يۈرگۈزۈپ كەل-
دى. ئۇ، 1989 ـ يىلى بېيجىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دېموكراتىيە
ھەرىكىتىنى تانكىلار بىلەن باستۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان ئىم-
پېراتور ئىدى. مانا بۈگۈن، شۇمەيداندا (تيەنئەنمېن مەيدانىنى) خىتاي-
تاي باير بېقى يېرىم چۈشۈرۈلدى...



# تۈركىيىدە مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ھەپتىلىكى ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى، بۈيۈك تۈركلۈك مۇجاھىدى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرلەپ تۈركىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ھەپتىلىكى» ئۆتكۈزدى.

1996 - يىل 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر دەرنىكى، شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى تەرىپىدىن تۇپراق بېشىدا مەۋلۇت ئۆتكۈزۈلدى. كۆچمەنلەر دەرنىكىنىڭ مائاۋىن باشلىقى ئەرپۇلات دۆنمەز ئېچىلىش نۇتقىدا مۇنداق دېدى: «ئەيسا ئەپەندى ھاياتىنى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى بىلەن پۈتۈن تۈركلۈك داۋاسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش بىلەن تاماملىغان بۈيۈك مۇجاھىد».





تۇپراق بېشى مەۋلۇتكە مەرھۇمنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئەركىن ئالپتېكىن، ئارسلان ئالپتېكىن، گېزىتىمىز باش مۇھەررىرى شاھخەلىل بوزقۇرت (كۆك بۆرە)، شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى باشلىقى رىزا بەكىن، شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر دەرنىكى باشلىقى ئابدۇۋەلى جان، «تۈركىيە گېزىتى» يازغۇچىسى مەرۋەت ئاكالىپ، كونيا تۈرك ئوچاقلىرى باشلىقى ياشار چال ۋە شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدلىرى قاتناشتى.

مەۋلۇتتىن كېيىن، جۈمە نامىزى مۇناسىۋىتى بىلەن زەيتۇن بۇرۇن ئەمىنە ئىناچ مەسچىتتە مەرھۇم ئۈچۈن خەتمىقۇرئان ئوقۇلدى.

14 - دېكابىر ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ پەرزەنتلىرى، ئىستانبۇلدىكى ئاق كۆن مېھمانخانىسىنىڭ مۇراسىم زالىدا مەرھۇم ئۈچۈن دۇئا بىلەن ياد ئېتىپ مەۋلۇت ئۆتكۈزدى. مەۋلۇتكە قازاقىستاندىن «ئۇيغۇر ئاۋازى گېزىتى» ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شائىر دولقۇن ياسىن، «ب. ب. س» نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇخبىرى، تىل - ئەدەبىيات پەنلىرى نامزاتى خەمىت ھەمرايېۋ، ئەدەبىيات ھەۋەسكارى، تىجارەتچى شىۋكەت تۇردىيېۋ، ژىگىت بېشى تەلئەت، ئابدىرېشىت، باتۇرخان، كېرەمجان؛ قىرغىزىستاندىن ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئىلدان ئابباس، قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئىتتىپاقى رەئىسى نۇرمەھەممەت كەنجى ۋە ئايالى، قادىرھاجىم، داۋۇت ھاجىم، مەۋلان ھۈشۈر، ئابدۇغۇپۇر تۇردىيېۋ، شېركەت دىرېكتورى نىزامەت ھاجىم، رەپىق ھېسامىدىنوۋ، قىرغىزىستان رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى غەيرەتجان تۇردىيېۋ؛ ئۆزبېكىستاندىن «مەرىپەت شېركىتى» دىرېكتورى بارىيوپ ئابدۇلجان، ئاتاقلىق ناخشىچى سۇلتان مەمەت قاتارلىق ۋەكىللەر ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەنداشلارغا ۋاكالىتەن قاتناشتى. مەۋلۇتكە تۈركىيە سىرتىدىن يەنە ئېدونىيە رېپوپلىكىسىدىن «ئو. ن. پ. ئو» تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى لېنارت مەۋېر، گېرمانىيىدىن ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەرجان، تۈركىيىدىن ھەرقايسى پارتىيە، جەمئىيەت، تەشكىلات رەھبەرلىرى، ھۆكۈمەت، دۆلەت خادىملىرى، ئاخبارات - نەشرىيات تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، گېزىت، ژۇرنال مۇخبىرلىرى، تۈركلۈك مۇجاھىدلىرى ۋە تۈركىيىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار - ياشلار قاتناشتى. داۋامى 11 - بەتتە

## ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

ئۆز خەۋىرىمىز: تۈركىيىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق «ئوقۇغۇچى - ياشلار بىرلىكى» نىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تۈرك ئوچاقلىرى ئەنقەرە شۆبىسى، تۈرك دۇنياسىنىڭ قىممەتلىك بىر پارچىسى بولغان شەرقىي تۈركىستاندا يېتىشكەن ئالىم ۋە تالانتلىق شائىر، يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرلەپ، 1996 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئەنقەرەدە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مىللىي كۈرەش» ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا، تۈركىيىنىڭ تارىخشۇناسلىق، مىل-




لەتشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى، تۈرك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى، مائارىپ، مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى خادىملار، ئۇنى-

ۋېرسىتېتلارنىڭ مەشھۇر پروفېسسورلىرى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ئاسپىرانتلار ۋە بىر قىسىم ئىلغار ياشلار قاتناشتى. ئۇلار يىغىندا «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدىكى نەسىردىن ئەپەندى»، «تۈركىيە تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ ئا. ئۆتكۈرگە بولغان تەسىرى»، «ئۇيغۇر رومانچىلىقى...

داۋامى 11 - بەتتە

گېزىت باشلىقى: ئارسلان ئالپتېكىن
باش مۇھەررىر: شاھخەلىل بوزقۇرت (كۆك بۆرە)
گېزىتنىڭ تۈركىيە ئىستانبۇلدىكى ئادرېسى:

Gazete Sahibi
ARSLAN ALPTEKİN
Yazı İşleri Müdürü
ŞAHHALİL BOZKURT

Gazete Adresi : Cumhuriyet Mah.Beykent Sitesi
Blok.I5.D/23 Beylikdüzü - İstanbul
Tel:(0212)8724967-8724776 Fax:(0212)8724967

ئىزاھات: گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاپتورلار ئۈستىدە، تەھرىراتتىن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.

Yayınlanan yazıların sorumluluğu yazarlarına aittir.Gönderilen yazılar yayınlansın veya yayınlanmasın iade edilmez.İsim zikredilmeden iktibas edilemez.